# 37840 ـ ھەيز كېلىشتىن بۇرۇنقى دۇغ نەرسىلەر توغرىسىدا

## سۇئال

مەن ھامىلدارلىقتىن چەكلەش ئۆزۈكى قوللىنىمەن، شۇڭلاشقا ئۈچۈن ئادەتتە ھەيز كېلىدىغان ۋاقىتتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن دۇغ نەرسىلەر كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن روزام بۇزۇلامدۇ؟ ، ئۇ كۈنلەردە تۇتمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشىم كېرەكمۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ " :ئەگەر كەلگەن دۇغ نەرسىلەر ھەيزدىن ئىلگىرى كېلىدىغان بولسا ھەيزنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، بۇ ئادەت كۆرگۈچى ئاياللار بىلىدىغان ھەيز كېلىشتىن بۇرۇنقى ئاغرىتىش، سانجىقلار بىلەن بىلىنىدۇ .ئەمما دۇغلۇق ھەيزدىن كېيىن بولسا يوق بولغۇچە قارىلىدۇ، چۈنكى ھەيزگە ئۇلىشىپ كەلگەن دۇغ ھەيز ھېسابلىنىدۇ، بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئاق خۇننى ياكى پاختا قويساڭلار ئاق بولغىچە ئالدىرماڭلار»" .رىسالەتۇ دىمائۇت تەبىئىييە- 59 "بەت].

شۇڭلاشقا ئاساسەن: كەلگەن دۇغ نەرسىلەر سىزگە ھەيزدىن بۇرۇنلا كەلسە بۇ ھەيز بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا سىز نامازنى، روزىنى تەرك قىلىسىز، پاك بولغاندىن كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىسىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.